# سەييىد قۇتۇپ: قۇرئان سايىسىدا

مۇئەللىپ شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئىسلام دىنىنىڭ شەھىد ئارسلانى سەييىد قۇتۇب (اللە ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!) مۇسۇلمان ئۇممەتلىرى ئىچىدىكى ئۆز جىسمىنى مەشئەل ئورنىدا

كۆيدۈرۈپ، زۇلمەتلىك
دەۋرلەرگە چىراغ ياققان،
ئىسلامنىڭ ئاڭ، ئىددىيە،
قانۇن - تۈزۈم، نەزەرىيە
گۈلىستانىنى ئۆز قانلىرى
بىلەن سۇغارغان، ئۇلۇغۋار
ئالىم، ئەزىمەتلەر قاتارىدا
سانىلىدۇ. ئۇ، 1906 - يىلى
مىسىرنىڭ ئاسيۇت
ئۆلكىسىدىكى موشا يېزىسىدا
بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا

كەلگەن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن كىچىكىدىلا قۇرئاننى تولۇق يادا ئېلىپ بولىدۇ. اللەنىڭ خاسىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قاھىرەنىڭ ۋەلۋان دېگەن يېرىگە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كۆخۆلدىكىدەك ئوقۇش پۇرسىتىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. 1929 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپنى تاماملاپ،
قاھىرەدىكى «دارۇلئۇلۇم »
(ھازىرقى قاھىرە
ئۇنىۋېرسىتېتى)غا قوبۇل
قىلىندۇ. 1932 ـ يىلى،
دارۇلئۇلۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
تاماملىغاندىن كېيىن، بىر
مەزگىل ئەدەبىي ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىپ،
ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە
بىنائەن مائارىپ

مىنىستىرلىكىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ، مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىپ، ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، 1945 ـ يىلى مىسىردىكى» مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» غا ئەزا بولىدۇ. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پارتىيىنىڭ

تەشۋىقات ئورنى ئۇنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى گېزىتى» گە باش مۇھەررىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 1954 ـ يىلى، مىسىرنىڭ باش رەئىسى جامال ئابدۇناسىر «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نى قانۇنسىز پارتىيە دەپ ئېلان قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا

باشلايدۇ. بىر نەچچە ھەپتىلىك تۇتقۇن جەريانىدا قولغا ئېلىنغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 50 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ .شۇ قېتىمقى تۇتقۇن قىلىنغان ئەزىمەتلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ شەھىد ئارسلانى سەييىد قۇتۇبمۇ بار بولۇپ، ئۇنى ئۆيىدىن كېسەل ھالەتتە پىيادە ماڭغۇزۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ، يول بويى

پارتىيە شۇئارى: «اللە ئەكبەر!
ۋەلىللا ھىلھەمد!»نى توختىماي
توۋلاپ ماڭىدۇ. ساقچىلار ئۇنى
تۇرمىگە ئېلىپ كىرگەندىن
كېيىن، قاتتىق قىيىن -
قىستاقتا ئېلىپ، ئىتلارغا
تالىتىش، رەھىمسىزلەرچە
ئۇرۇپ، ئۇياق - بۇياقتا سۆرەش،
بېشىدىن ھېلى ئىسسىق،
ھېلى سوغۇق سۇ قۇيۇش،
كۈنىگە يەتتە - سەككىز

سائەتكىچە ئۈزۈلدۈرمەي سوراق قىلىشتىن سىرت، ھەرخىل ئەخلاقسىز قىلىقلار، ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن مەنىۋي زەربە بېرىش قاتارلىق رەزىل، ۋەھشىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدۇ. ئۇ گەرچە جىسمانىي جەھەتتە بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر نەچچە رەت ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھوشىغا

كەلگەن هامانلا: «اللە ئەكبەر! ۋەلىللا هىلهەمد!»نى يەنىلا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. 1955 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مىسىر خەلق سوت مەهكىمىسى ئۇنىڭغا 15 يىللىق قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىدۇ. 1956 ـ يىلى، مىسىرنىڭ باش رەئىسى جامال ئابدۇناسىر تۈرمىگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئەگەر سەييىد

قۇتۇب گېزىتتە ئېلان قىلغۇدەك
ئىككى قۇر كەچۈرۈمنامە
يېزىپ بەرسە، ئۇنى قويۇپ
بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .
مۆئمىنلەرنىڭ ئۆلگىسى
بولغان سەييىد قۇتۇب بۇنىڭغا
قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «بىر
زۇلۇم قىلىنغۇچىغا: زالىمدىن
كەچۈرۈم سورىغىن! —
دەۋاتقانلارغا بەكمۇ
ئەجەبلەنگۈم كېلىدۇ. اللەنىڭ

نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئىغىزىمدىن چىققان بىر نەچچە جۈملە سۆز مىنى دار ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالالىغان تەقدىردىمۇ، زالىمدىن ھەرگىز كەچۈرۈم سورىمايمەن. مەن ئاللانىڭ ئالدىغا ئاللامۇ مەندىن رازى ۋە مەنمۇ ئاللادىن رازى بولغان ھالدا بېرىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن

كەچۈرۈمنامە يېزىپ بېرىش قانچە ـ قانچە قېتىم تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ھەر قېتىمدا: «ئەگەر مېنىڭ قاماقتا ئېلىنىشىم ھەق بولغان بولسا، ئۇنداقتا مەن ھەققانىيەتنىڭ ھۆكمىگە پۈتۈنلەي رازى .ئەگەر ناھەق بولىدىكەن، مەن زالىملاردىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەشتەك پەسكەشلىكنى قەتئىي

قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھۆكۈمەت ھەر قانداق قىلىپمۇ كەچۈرۈمنامە يازدۇرالمىغاندىن كېيىن، جامال ئابدۇنناسىر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، كەچۈرۈمنامە يېزىپ بەرسە، دۆلەتنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىك 000 ھوقۇقىنى بېرىدىغانلىقىنى پەش قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن: «مىسىرنىڭ مائارىپ

تۈزۈمنى ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى بولمىغان ئۇنداق قورچاق مىنىستىرلىكنىڭ كېرىكى يوق» دەپ جاۋاب قايتۇردۇ. 1954 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىلنى چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن سەييىد قۇتۇب، 1964 ـ يىلى ئىراقنىڭ رەئىسى مەرھۇم ئابدۇسالام

ئارىفنىڭ قاتتىق تەلەپ
قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن
ئامالسىز قويۇپ بېرىلدۇ. بۇ
چاغدا، سەيىد قۇتۇبنىڭ
مۆئمىنلەر قەلبىنى لەرزىگە
سېلىپ، رەقىبلەر قەلبىگە
نەشتەردەك سانجىلىدىغان
ماقالىلىرى پۈتۈن دۇنيا
ياشلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ
قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا
يېرىدە قول ـ قولغا تەگمەي

ئوقۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن غەرب كاپىتالىزمچىلىرى بىلەن شەرق كوممۇنىزمچىلىرى ئۆزلىرىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالىدۇ. 1965 - يىلى ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق زومىگەرلەرنىڭ سۈيىقەست پىلانلاپ، مىسىر ھۆكۈمىتىنى كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىدە، سەييىد قۇتۇب قايتىدىن قولغا

ئېلىنىدۇ ۋە تۇرمىدىكى قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن قاتتىق كېسەل تارتىپ يېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي، 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە بارلىق ئىقتىدارىنى ھەتتا ئىسىق قېنىغا قەدەر اللەقا ئاتاپ، كۈپۈرلۈق، جۇملىدىن جاھالەتكە قارشى ئېلىپ

بارغان كۆرەشلىرى، شۇنداقلا، يېڭىلمەس، تىز پۈكمەس، پىداكار روھى تا بۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلمەكتە. شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ ھاياتى مۇنداق ئىككى دەۋرگە بۆلىنىدۇ: 1 - ئۆزىنى ئەدەبىياتقا ئاتىۋەتكەن دەۋرلەر بولۇپ، گەرچە ئۇ: «ئەرەب

ئەدەبىياتى ۋە ئوبزورچىلىق ئۇسۇللىرى»؛ «مەدەنىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەنقىدىي نەزەر»؛ «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» (ئەدەبىي ئوبزور)؛ «سەھرا بالىسى»؛ «تىكەن»؛ «سېھىرلەنگەن شەھەر»؛» قۇللار كارۋىنى» (شېئىرلار توپلىمى)؛ «نامەلۇم ساھىل» (شېئىرلار توپلىمى ···(قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەرەب

ئەدەبىياتىغا ئاجايىپ قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ دەۋرلەرنى ئەسلىگەنلىرىدە، «جاھىلىيەتتە ئۆتكەن دەۋرلىرىم» دەپ ئېچىنىپ تىلغا ئالىدۇ» - 2 .مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»گە ئەزا بولغاندىن كېيىنكى ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن دەۋرلىرى بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ

ئىسلامنى ئاساسلىق تېمىسى قىلىپ: «قۇرئاننىڭ سايىسىدا» (ئالتە توملۇق تەپسىر)؛ »پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە»؛ «شائىرلارنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى»؛ «ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەت»؛ «قۇرئاندىكى قىيامەت مەنزىرىسى»؛ «قۇرئاننىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتى»؛ «ئىسلام ۋە كاپىتالىزم

ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش»؛ «دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىسلام دىنى»؛ «ئىسلام دىنىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى»؛ «ئىسلامىي ماقالىلار»؛ «يول بۇيەردە»؛ «ئىسلامنىڭ پارلاق ئىستىقبالى».... قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ مۆئمىنلەرگە لەززەت، زوق ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغان؛ رەقىبلەرگە

بولسا، ھەر بىر ھەرپلىرى
چىدىغۇسىز ئەلەم ۋە
ساقايماس جاراھەتلەرنى
ئېلىپ كېلىدىغان، دوستلارغا
ھەسەلدىن شېرىن،
دۈشمەنلەرگە شەمشەردىن
ئۆتكۈر بۇ ئۆلمەس ئەسەرلىرى
پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا
ھېلىھەممۇ قولدىن ـ قولغا
ئۆتۈپ، ئاجايىپ ئەتىۋارلىنىپ
كەلمەكتە» .قۇرئانىنىڭ

سايىسىدا» ناملىق بۇ تەپسىر،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا
ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە،
ھەجىمى ئەڭ كاتتا نادىر
ئەسىرى بولۇپ، شەھىد سەييىد
قۇتۇب ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈچ
تومنى ئون نەچچە يىل داۋام
قىلغان قىيىن - قىستاقلارغا
ۋە چىدىغۇسىز زۇلۇم -
سىتەملەرگە پەرۋا قىلماستىن،
تۈرمە ئىچىدە يېزىپ

پۈتكۈزگەن. قىسقىسى، بارلىق ئەسەرلىرىدە: «ئىسلامنى قوبۇل قىلساڭ، پۈتۈنى بىلەن قوبۇل قىل، ياكى بولمايدۇ، پۈتۈنلەي رەت قىل» دېگەن مەردانە قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە شۇ تېمىدا نۇرغۇن ماقالىلارنى يازغان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ «ئىسلامىي ماقالىلار» ناملىق كىتابىدىن قەلەم ۋە پىكىر ئىگىلىرى ھەققىدە توختىلىپ،

«شەكسىزكى قەلەمكەشلەر ئاجايىپ كاتتىا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. بىراق بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ئۆز پىكرىنى هاياتى كۈچكە ئىگە قىلىش يولىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىشى... ئاققۇزغان قېنى ۋە جېنى ئارقىلىقلا ئۆز پىكرىگە چىن مەنە بېرىشى... ”ھەق“ بىلگەن پىكرىنىڭ ”ھەق“ ئىكەنلىكىنى قىلچە

ئەيمىنىپ يۈرمەستىن، مەردانىلەرچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، زوروُر تىپىلغاندا، شۇنىڭ ئۆچۈن بوينىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرىشتىن قەتئىي يانماسلىقى لازىم» دېگەن مەڭگۈلۈك سۆزلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىسلامنىڭ شەھىد ئارسلانى، پروفېسسور سەييىد قۇتۇب دەل مانا بۇ سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلام

ئىدېئولوگىيەسىنى قوغداش يولىدا خۇشاللىق بىلەن جانىنى قۇربان قىلدى.

ئاللاھتىن ئۇنىڭغا چەكسىز پەزىل - رەھمەت ۋە بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە خۇددى شەھىد سەييىد قۇتۇبقا بەرگەندەك تىز پۈكمەس ئىرادە، يېڭىلمەس روھ ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۇنىڭدەك

پېداكار مۇجاھىد ئەزىمەتلەردىن قىلغاي - ئامىن!

كامىلجان قەشقەري

2008- يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئىستانبۇل